يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

# ئاپىسى بىلەن بىللە پىدائىي بولۇش



8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، مۇقەددەس ئەلى(سولدا) مەھەللە كادىرلىرى بىلەن بىللە ئاھالىلەرنىڭ ئەخلەتلىرىنى تۆكۈشكە ياردەملەشمەكتە.

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز
سەي زېڭلى فوتوسى، خەۋىرى

«جاڭ ھەدە، كۆكتاتلىرىڭىز تەييار بولدى، مەن ھازىرلا سىزگە يەتكۈزۈپ بېرىمەن.» 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، مۇقەددەس ئەلى بىر تەرەپتىن كۆكتاتلارنى تاللاپ، بىر تەرەپتىن تېلېفون قىلدى.

مۇقەددەس ئەلى ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى چاڭجياڭ يولى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى لىڭكۇ مەھەللىسى چېنەي يولى 543 ـ نومۇرلۇق قورۇدا ئولتۇرۇشلۇق ئاھالە، ئۇ بۇ مەھەللىدىكى يېشى ئەڭ كىچىك پىدائىي بولۇپ، ئەمدىلا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن.

«ئۈرۈمچىدە يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يېڭىدىن يۈزبەرگەندىن كېيىن، مەن ئاپام بىلەن بىللە مەھەللە پىدائىيسى بولۇشقا تىزىملىتىپ، ئولتۇراق رايوندىكى ياردەمگە موھتاج ئاھالىلەر ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدىم.» مۇقەددەس مۇنداق دېدى: ئولتۇراق رايونىمىزدا يەنە نۇرغۇن «2000 ـ يىللاردا تۇغۇلغان» پىدائىيلار بار، گەرچە چوڭلارنىڭ نەزىرىدە بىز يەنىلا بالا بولساقمۇ، لېكىن يۇقۇم ئالدىدا، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق شۇنى ئىسپاتلايمىزكى: «2000 ـ يىللاردا تۇغۇلغانلار» سەپتىن چىقتى!

پىدائىي بولغاندىن كېيىن، تەقسىملەپ يەتكۈزۈش، دورا سېتىۋېلىش، دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش قاتارلىقلار مۇقەددەسنىڭ تۇرمۇشىدىكى كۈندىلىك ئىشقا ئايلاندى. «ئۇنىڭ يېشىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي، ئاھالىلەر ئېھتىياجلىق بولسىلا، ئۇ قاچان چاقىرسا شۇ ھامان يېتىپ باردى، كۆينىكى ئىشلەپ كىيىملىرى ھۆل بولۇپ كېتىدۇ، لېكىن ئەزەلدىن ۋايسىمايدۇ» دېدى ئاھالە چۇ يۈۋخۇەن.



تەرلەپ چاچلىرى ھۆل بولۇپ كەتكەن مۇقەددەس ئەلى.



مەرىيەمگۈل ئابدۇرۇسۇل (ئوڭدا) قىزىنىڭ مۇداپىئەلىنىش بۇيۇملىرىنى كىيىشىگە ياردەملەشمەكتە.

سۈرەتلىك ھېكايە

# پاشا، چىۋىنلەر يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسنى تارقىتىش، كېڭەيتىشنىڭ بىيولوگىيەلىك ئاساسىنى ھازىرلىمىغان

مۇتەخەسسىسنىڭ چۈشەندۈرۈشى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **جاۋ چۈنخۇا، لى چۈنشيا** خەۋەر قىلىدۇ: يازدىكى تومۇز ئىسسىقتا پاشا، چىۋىنلەر كۆپىيىدۇ، پاشا، چىۋىنلەر يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسنى تارقىتامدۇ، كېڭەيتەمدۇ؟ 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋېن گوشىن مۇنداق دېدى: تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇس ئاساسلىقى ماكانلاشقان تەن ئىچىدىكى ACE (ئانگىئوتېنسىن ئالماشتۇرغۇچى ئېنزىم) قوبۇل قىلغۇچى تەنچىسى بىلەن بىرلىشىش ئارقىلىق ماكانلاشقان ئاساسىي ھۇجەيرىنى يۇقۇملاندۇرىدۇ. ھالبۇكى پاشا، چىۋىنلەرنىڭ تېنىدە بۇنىڭغا ئوخشاش قوبۇل قىلغۇچى تەنچە يوق، شۇڭا يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسنى تارقىتىش، كېڭەيتىشنىڭ بىيولوگىيەلىك ئاساسىنى ھازىرلىمىغان.

يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇس ئاساسلىقى يېقىن ئارىلىقتىكى تۈكۈرۈك چاچراندىلىرى ئارقىلىق تارقىلىدۇ، ياكى يۇقۇملانغۇچىلار بۇلغىغان بۇيۇملار بىلەن قولنى ئۇچرىشىپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئېغىز، بۇرۇن، كۆزى بىلەن ئۇچراشقان سەۋەبلىك يۇقۇملىنىدۇ، ئالاھىدە ئەھۋالدا ئائېروزوللۇق تارقىلىش يۈز بېرىشى مۇمكىن.

ۋېن گوشىن شۇنى ئەسكەرتىدۇكى، گەرچە ھازىرقى دەلىل ـ ئىسپاتلار پاشا ـ چىۋىنلەرنىڭ ۋاستە سۈپىتىدە يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسنى تارقىتىدىغانلىقىنى قوللىمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار باشقا كېسەللىكلەرنى تارقىتىش خەۋپ ـ خەتىرىنى ھازىرلىغان. ئەمما ئائىلىدە ۋە سىرتتا پاشا، قۇرتلارنىڭ چېقىۋېلىشىدىن ساقلىنىشقا ئائىت قوغداش تەدبىرلىرىنى ياخشى ئىشلەپ، تۈرلۈك ۋاستىچى بىيولوگىيەلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ يۈز بېرىش خەۋپىنى تۆۋەنلىتىشى كېرەك.

# ئالاھىدە كۆيۈنۈش ئۈزۈلمىدى

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جاۋ چۈنخۇا، يۈ شى، ۋېي خۇڭپېڭ، جاۋ يۈ

ھازىرقى يۇقۇمدا، كەڭ مەھەللە خىزمەتچىلىرى، پىدائىيلار قارىغۇچىسى يوق ياشانغانلار، ھامىلدارلار، تۇغۇتلۇق ئاياللار، مېيىپلەر قاتارلىق ئالاھىدە كىشىلەر توپىنى بىرگەبىر دەل جايىدىكى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلار ئالدىراۋاتقان، قىينىلىۋاتقان، غەم قىلىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى.

«تومۇز ئىسسىقتا، سىلەر يەنە مەندەك بىر موماي ئۈچۈن پايپېتەك بولدۇڭلار!» دېدى 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سايباغ رايونى دوستلۇق جەنۇبىي يولى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى نۇرباغ رەڭلىك مېتال مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى سۈي رۇشيۇ مەھەللە خىزمەتچىسى لى شياڭيۇ ئەكېلىپ بەرگەن يېڭى مېۋە ۋە كۆكتاتلارنى تاپشۇرۇۋېلىپ مىننەتدارلىق بىلەن.

96 ياشلىق سۈي رۇشيۇ يالغۇز تۇرۇۋاتقان موماي ئىدى. ۋىيشىن ئىشلىتىشنى بىلمىگەنلىكتىن، كۆكتات، سۇ، توك سېتىۋېلىش قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەر ئەسلىدىنلا ھەرىكىتى قولايسىز سۈي رۇشيۇنىڭ بېشىنى قاتۇرغانىدى. ئەمما مەھەللە خىزمەتچىلىرى ھەر كۈنى ئۇنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى سوراپ، ئۇنى خاتىرجەم قىلدى.

سۈي رۇشيۇنىڭ ياشانغانلار خاراكتېرلىك قەۋزىيەت كېسىلى بارلىقىنى بىلىپ، ئائىلىلەرنى ھۆددىگە ئالغان كادىرلار ۋە پىدائىيلار دائىم ئۇنىڭغا تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇشقا پايدىلىق مېۋە، كۆكتاتلارنى ئېلىپ بەردى. مومايىنىڭ ئۆيىدە يالغۇز تۇرغاندىكى تەشۋىشلىنىش كەيپىياتىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، ئائىلىلەرنى ھۆددىگە ئالغان كادىرلار ۋە پىدائىيلار ھەر كۈنى ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ تۇردى.

«مەھەللە خىزمەتچىلىرى ۋە پىدائىيلارنىڭ سەممىي مۇلازىمىتىدىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، كۆيۈنۈشىنى چىن قەلبىمدىن ھېس قىلدىم. يۇقۇمنىڭ تېزرەك ئۆتۈپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، ئۇلار بەك جاپا تارتتى» دېدى سۈي رۇشيۇ ھاياجانلانغان ھالدا.

«ھامىلدار بولغىنىمغا 12 ھەپتە بولاي دەپ قالدى، مەھەللە خىزمەتچىلىرى ماڭا ياردەملىشىپ دوختۇرخانا ھەمدە كېيىنكى ئىشلارنى ئالاقىلىشىپ بەردى، كېلەر ھەپتىلا ھامىلىنى تەكشۈرتۈشكە بارالايدىغان بولدۇم.» 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى شىمگو رايونى نەنخۇ جەنۇبىي يولى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى نەنخۇ جەنۇبىي يولى غەربىي مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى جېڭ فېي مۇنداق دېدى: ئالدىراشلىق ئىچىدە باشقا ئاھالىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلغاندىن سىرت، مەھەللە خىزمەتچىلىرى يەنە ماڭا ئوخشاش ھامىلدارلار، تۇغۇتلۇق ئاياللارغا ئالاھىدە كۆيۈندى.

جېڭ فېينىڭ ئېرى ئۆيدە ئەمەس ئىدى، ئائىلىدە چوڭ ـ كىچىك قېيىن ئىشلارغا يولۇققاندا، مەھەللە خىزمەتچىلىرى ھەمىشە بىرىنچى ۋاقىتتا ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولاتتى. 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، جېڭ فېينىڭ ئۆيىدىكى ئەۋرەز يولى توسۇلۇپ قالدى، مەھەللە خىزمەتچىلىرى ۋە بۇ مەھەللىدە تۇرۇشلۇق «ئەلراينى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى بىرىنچى ۋاقىتتا يېتىپ كېلىپ، كەسپىي راۋانلاشتۇرۇش خادىمىنى تېپىپ، مەسىلىنى ناھايىتى تېزلا ھەل قىلدى.

«ياخشى تاماق يېيەلمەسلىكىمدىن ئەنسىرەپ، ھەر قېتىم توپتا مېۋە، كۆكتات زاكاز قىلغاندا، مەھەللە خىزمەتچىلىرى دائىم مەندىن يەنە نېمە يېگۈم بارلىقىنى ئالاھىدە سورايدۇ. ياخشى ئارام ئالالماسلىقىمدىن ئەنسىرەپ، مۇقىم ۋاقىتتا تاللاپ ماڭا تېلېفون قىلىپ سالامەتلىك ئەھۋالىمنى ئىگىلەپ تۇرىدۇ، ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ بەك ئىنچىكە» دېدى جېڭ فېي.

يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى (يېڭىشەھەر رايونى) يېڭىبىن يولى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى يېڭىبىن يولى غەربىي مەھەللىسى لەيىين جۇاڭيۈەن ئولتۇراق رايوندىكى 84 ياشلىق ئاھالە چېڭ يىننىڭ ئوغلى سىرتتا بولغاچقا قايتىپ كېلەلمىدى، كېلىنى شياۋ بىڭمۇ مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۈلگۈرۈپ كېلەلمىدى. گەرچە ئۆي خىزمەتچىسى ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئىككىلىسى خەت تونۇمايتتى، ۋىيشىن ئىشلىتىشنىمۇ بىلمەيتتى. مەھەللە پىدائىيسى ليۇ كې ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ھەر كۈنى ئەتىگەندە، چېڭ يىننىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى سوراپ تۇردى، چېڭ يىن ئېھتىياجلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ليۇ كې دەپتەرگە تەپسىلىي خاتىرىلىۋېلىپ، سېتىۋالغاندىن كېيىن ئىشىك ئالدىغىچە ئەكېلىپ بەردى. پەرزەنتلىرىنىڭ ئۇنىڭدىن ئەنسىرىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ليۇ كې ئۇنىڭ ئۆيدە تۇرۇۋاتقان ھالىتىنى سىنغا ئېلىپ شياۋ بىڭغا ئەۋەتىپ بەردى.

«دەل ليۇ كېغا ئوخشاش نۇرغۇن ‹قارشى يۆنىلىشتە يۈرگۈچى›لەر بىز ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلغاچقا، بىز خاتىرجەم بولالىدۇق، مەن ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىمەن!» دېدى شياۋ بىڭ مىننەتدارلىق بىلەن.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن تۆت يۇقۇملانغۇچىنى تىببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى. 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى بۇ قېتىمقى يۇقۇمدىكى تۇنجى تۈركۈمدىكى ئاغرىقلار دوختۇرخانىدىن چىققاندىن تارتىپ 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىگىچە، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 138، تىببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى 71 بولۇپ، جەمئىي 209 بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تىببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى ليۇ چېن مۇنداق دېدى: بۇ قېتىمقى يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان، 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىگىچە، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى ۋە تىببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىنىڭ ئومۇمىي سانى 200دىن ئاشتى، بۇ، گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە بارلىق دوختۇر ـ سېستىرالارنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇشى ـ داۋالىشى بىلەن، بىزنىڭ نۆۋەتتىكى دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش يولىمىز ۋە لايىھەمىزنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكى، ئارىلىشىش تەدبىرلىرىنىڭمۇ ئۈنۈملۈك بولغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرىدۇ. ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققانلارنىڭ سانىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىشى بارلىق دوختۇر ـ سېستىرالار، ھەم شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ يۇقۇمغا قارشى جەڭ قىلىش ئىشەنچىنى ئۇرغۇتتى، بىز داۋاملىق تىرىشىپ، دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش لايىھەسىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇپ، كۆڭۈل قويۇپ داۋالاپ، ھەربىر ئاغرىقنى كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىپ، داۋالاپ ساقىيىش نىسبىتى، دوختۇرخانىدىن چىقىش نىسبىتىنى سىجىل ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىمىز.

# بىر ئائىلىدىكى تۆت جان «يۇقۇم»غا قارشى جەڭگە تەڭ ئاتلاندى

يۇقۇمغا قارشى جەڭ ھېكايىسى

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز
فۇ شياڭلۇڭ

ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى) گاڭچېڭ تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى شىنلى مەھەللىسىدىكى 20 ياشلىق لى يىفېڭ چاڭچۈن مالىيە ـ ئىقتىساد شۆيۈەندىن يۇرتىغا قايتقان داشۆ ئوقۇغۇچىسى. 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئۇ مەھەللىدە تىزىملىتىپ پىدائىي بولدى.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدە، «2000 ـ يىللاردا تۇغۇلغان» ئۇ ھەرگىزمۇ يالغۇز ئەمەس، ئۇنىڭ بىلەن بىللە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقانلاردىن «ئەلراينى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى، مەھەللە خىزمەتچىلىرى ۋە باشقا پىدائىيلاردىن سىرت، يەنە ئۇنىڭ دادىسى، ئاپىسى ۋە قوشكېزەك ئىنىسىمۇ بار.

«بۇ يىلنىڭ بېشىدا يۇقۇم يۈز بەرگەندە، ئاپام ئەمدىلا ئوپېراتسىيە قىلىنغانىدى، مەن ئۆيدە ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدىم». لى يىفېڭ مۇنداق دېدى: «ئۇ چاغدىمۇ ئولتۇراق رايون يېپىق ھالەتتە باشقۇرۇلاتتى، نۇرغۇن پىدائىي ئۆيىمىزگە زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئەكېلىپ بەردى، بىز ناھايىتى تەسىرلەندۇق. مەن بۇ قېتىم ئەمەلىي ھەرىكىتىم ئارقىلىق ئۇلارغا جاۋاب قايتۇرۇشنى ئويلىدىم».

پىدائىي بولۇشقا تىزىملاتقان ئاشۇ كۈندىن باشلاپ، ئاھالىلەرگە تەقسىملەپ يەتكۈزۈش، قەرەللىك ئەخلەت يىغىش قاتارلىق خىزمەتلەر لى يىفېڭنىڭ كۈندىلىك ئىشىغا ئايلاندى. «يان تېلېفوندىكى قەدەم ھېسابلىغۇچتا كۆرسىتىلىشىچە، ھەر كۈنى 10 مىڭ قەدەمدىن ئارتۇق ماڭىدىكەنمەن» دېدى لى يىفېڭ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، لى يىفېڭنىڭ دادىسى ۋە ئىنىسى ساقچى پونكىتىدا چىڭ تۇردى، ئۇلار ئىككىلىسى ساقچى ياردەمچىسى ئىدى.

لى يىفېڭنىڭ ئاپىسى لى سۇفاڭ شىنلى مەھەللىسىگە يېقىن كېپىك شىمالىي يولى مەھەللىسىدە چىڭ تۇردى، ئۇ مەھەللىنىڭ ئامانلىق ساقلىغۇچىسى ئىدى، قىزىنىڭ پىدائىي بولغانلىقىنى لى سۇفاڭ ناھايىتى قوللىدى. «ئۈرۈمچى بىزنىڭ ئائىلىمىز، ئۇنى ياخشى قوغداش مەسئۇلىيىتىمىز بار!» دېدى لى سۇفاڭ.

«ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ ۋىيشىن توپىمىز بار، بۇ مەزگىلدە دادام بىلەن ئىنىم دەم ئالغاندا، بىر ئائىلە كىشىلىرى سىن ئارقىلىق جەم بولىمىز، بۇ بىزنىڭ ئەڭ خۇشال ۋاقتىمىز.» لى يىفېڭ مۇنداق دېدى: «ئەمەلىيەتتە، ھەر قېتىم سىن ئارقىلىق كۆرۈشكەندە مۇداپىئەلىنىشكە دىققەت قىلىش، خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۆز ئارا جېكىلەيمىز، لېكىن بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ھەممىمىزنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بىرىنچى سېپىدە ئىكەنلىكىمىزنى ئويلىسام، ناھايىتى ئىشەنچكە، كۈچكە تولىمەن».